# «كۇچا» دېگەن نام توغرىسىدا

مۇھەممەت داۋۇت

كۇچا شىنجاڭدىكى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى 1928 ـ يىلى ھازىرقى كۇچا ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى قارا دۆڭ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان تاش قورال دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئىنسانلار تاش قورال دەۋرىدىلا كۇچادا ماكانلىشىپ، ھايات كەچۈرگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، نۇر، ھاۋا، يەر، سۇ ـــ ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشىدىكى تۆت مۇھىم ئامىل. كۇچادا ئەجدادلىرىمىزنىڭ خېلى بۇرۇنلا ماكانلىشىشىدا، ھازىرقى «كۇچا دەرياسى» ۋە «ئۆگەن دەرياسى» ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

كۇچا دەرياسى تەڭرى تېغىنىڭ مۇز تاغ چوققىسىدىن باشلىنىپ، ھازىرقى ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 20 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى سۇ بېشى قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە يېقىن كەلگەندە، ئۆستەڭلەرگە بۆلۈنۈپ سۇغۇرۇش رايونلىرىغا ئاقىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق سۇ مىقدارى 353 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ، ھازىرقى سۇغۇرۇش كۆلىمى 270 مىڭ موغا يېتىدۇ. كەلكۈن تاشقىنلىرى يېزۋاش، چېنتۇرۇق، قاراڭغۇ سايلىرى ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا قويۇلىدۇ.

ئۆگەن دەرياسى كۇچا، شايار، توقسۇن، باي ناھىيىلىرى ئورتاق پايدىلىنىدىغان دەريا بولۇپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قارلىق تاغ ۋە خانتەڭرى چوققىسىدىن باشلىنىپ، ھازىرقى كۇچا ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 25 كىلومېتىر غەربىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق سۇ مىقدارى 2 مىليارد 246 مىليون كۇبمېتىر بولۇپ، كۇچا ناھىيىسىگە 39.5% سۇ ئايرىش نىسبىتى بويىچە 887 مىليون كۇبمېتىر سۇ تەقسىملىنىدۇ. كۇچا ناھىيىسى ئۆگەن دەرياس سۇغۇرۇش رايونىدىكى سۇغۇرۇش كۆلىمى 67 مىليون 260 مىڭ موغا يېتىدۇ. ئۆگەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن تاشقىنلىرى «كونا دەريا» ۋە «يېڭى دەريا» دەپ ئاتالغان ئىككى ئېقىن ئارقىلىق تارىم ئويمانلىقىغا قويۇلىدۇ. جۇغراپىيىگە ئائىت قەدىمىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدا 4 ـ ئىرادىكى يېڭىلىنىش دەۋرىدە ھازىرقى دەريا، كۆللەر بارلىققا كەلگەن[1]. كۇچا دەرياسى ۋە ئۆگەن

دەرياسىنىمۇ ئومۇمەن شۇ دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. قەدىمكى كۇچالىقلار بۇ ئىككى دەريانىڭ كەلكۈن تاشقىندىلىرىدىن ھاسىل بولغان مۇنبەت تۇپراقتىن پايدىلىنىپ، جاپالىق ئەمگىكى ۋە ئەقىل پاراسىتى ئارقىلىق كۇچا بوستانلىقىنى ياراتقان. تارىختا كۈسەن دەپ ئاتالغان بۇ جاي قەدىمكى زاماندا غەربىي رايوندىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. كۇچا خەلقى ئەۋزەل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئالەمشۇمۇل پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھېلىھەم ساقلانماقتا. كۇچا توغرىسىدا تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار ۋە ئەدىبلەر يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر ئاز ئەمەس. كۇچانىڭ نامى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە 龟兹، 五慈، 屈慈، 屈支، 屈茨، 曲先، 库叉 دەپ يېزىلغان بولۇپ، 库叉 چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭ خانىنىڭ 23-يىلى (مىلادى 1758-يىلى) غا كەلگەندە 库车 دەپ يېزىش مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئەپسۇسكى، كۆپىنچە خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۇچانىڭ نامىنىڭ تۈرلۈك يېزىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈلمىگەن. خەنزۇچە خەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قوللىنىلغانلىقى چۈشەندۈرۈلمىگەن. پەقەت «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» (回疆通志) دېگەن كىتابتىلا كۇچا كوچا (يول) دېگەن مەنىدە ئىزاھلىنىپ، «بۇ جاي جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان مۇھىم يول بولغاچقا، مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان» دېيىلگەن. «ھازىرقى ناھىيە نامىلىرىنى چۈشەندۈرۈش» دېگەن كىتابتا «بۇ جايدا قۇرۇق قۇدۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان» دېيىلگەن. 1982-يىل 5-ئايدا يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن «كۇچار» نى «كۇچا» دەپ يېزىش بەلگىلەندى. ئەمما بۇ ھەقتىمۇ ئېنىق ئىزاھ بېرىلمىدى. تىلشۇناس مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۇچا توغرىسىدا مەلۇمات قالدۇرغان:

كېيىن كۇچا دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى، بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان («دىۋان» 1-قىسىم، 526-بەت).

كەجا - كۇچا. «دىۋان»، 1-قىسىم، 40-بەتتىكى خەرىتە.

تېرىم — تارىم. ئۇيغۇرلار چېگرىسىدىكى «كۇچا» دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي، بۇ يەر «ئادىمى تېرىم — ئوسمى تارىم» مۇ دېيىلىدۇ، ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ «تېرىم — تارىم» دېيىلىدۇ («دىۋان»، 1-قىسىم، 514-بەت). بۈگۈر كۇچا شەھىرى بىلەن ئۇيغۇر ئېلى ئارىلىقىدىكى تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئە. بۇ يەر چېگرا. («دىۋان» 1-قىسىم، 468-بەت).

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن «كۇچا» دېگەن نامنىڭ مەھمۇت قەشقىرىدىن خېلى

بۇرۇنلا قوللىنىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن بىز مەلۇماتىمىز «كۇسەن» ۋە «كۇچا» دېگەن نامىلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىگەن.

ئەخمەت زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە «كۇچا شەھىرى قەشقەرنىڭ 703 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىي تەرىپىدۇر. بۇ شەھەر بىلەن جەنۇبتىكى ئاقسۇ، شىمالدىكى قارا شەھەر تارىخىي دەۋرلەردە مەدەنىيسي تۈركلەر بىلەن تولغانىدى. قەدىمدىن بېرى ‹كۇسەن› دەپ ئاتالغان. ‹كۇچا› جۇڭگونىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئائىت مەنبەلىرىدە ‹كۇچا›، مىلادى I ئەسىرلەردە بولسا ‹كۇسەر› دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئەرەب. پارس مەنبەلىرىدە بولسا ‹كىچا› دەپ يېزىلغان. ‹ئەخۇي› نىڭ يايانىغا قارىغاندا، ‹كۇسەن›، تۈركچە ‹كىشەن› دېگەن ئاتالغۇدىن كېلىپ چىققان بولۇپ بۇ سۆز ئىرانلىقلارنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ‹كىچا› دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەن» دېيىلگەن.

يۇقىرىقى نەقىلدە ئېيتىلغان جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە مىلادىدىن بۇرۇن كۇچانىڭ «كۇچا» دەپ ئاتالغانلىقى. مىلادى I ئەسىردە «كۇسەر» دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيال ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. كۇچانىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «库叉» دەپ يېزىلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ماتېرىياللاردىن ئۇنىڭغا ئاساس تاپقىلى بولمايدۇ. كۇچانىڭ نامى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغان. كۇچانىڭ قەدىمكى نامىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوقۇلۇشىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ بۇ ـ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىش ھازىرچە تەس. شۇنداقتىمۇ كېيىنكىلەر بولۇپمۇ كۇچادىكى زىيالىيلار بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى:

1) كۇچا — كۈچى ئارتۇق دېگەن مەنىدە. بۇ خىل قاراشتىكىلەر كۇچا قەدىمكى زاماندا كۈچلۈك دۆلەت بولغان، «كۇچا» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدا بىرەر ئىشقا كۈچ چىقىرىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ دەيدۇ ھەمدە «دىۋان» دىكى «ئىجازە ـ ئىجاماك» ... سۆزلىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. «دىۋان» 1 ـ قىسىم، 353 ـ بەت.

2) كۇھى چاھار — تۆت تاغ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ھازىر ھىسارتام ۋە سۇ بېشى قەدىمكى شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي شەھەر كۇچانىڭ قەدىمكى پايتەختى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ جاي تاغ باغرىدا بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان دەپ قارايدۇ.

3) كۇھى چاھ — تاغ ئىچىدىكى قۇدۇق. بۇ خىل قاراشتىكىلەر، بايدىن چىقىپ كۇچاغا يېقىن كېلىپ تاغدىن پەسكە قارىغاندا، كۇچا كونا شەھىرى قۇددى

بىر قۇدۇققا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. شۇڭا شۇنداق ئاتالغان، دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراش «ھازىرقى ناھىيە ناملىرىنى چۈشەندۈرۈش» دېگەن كىتابتىكى «بۇ يەردە قۇرۇق قۇدۇق بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان» دېگەن كۆز قاراشقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

4) كۇشەر — چەت، ياقا يەنى چېگرادىكى شەھەر. بۇ كۆز قاراش مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بۇگۇر توغرىسىدىكى مەلۇماتىغا ئوخشايدۇ. بۇگۇر بىلەن كۇچانىڭ ئارىلىقى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قارا خانىلار دۆلىتىنىڭ چېگرا پاسىلى بولغانىدى.

5) كۇچا — يۆتكىلىپ تۇرغان شەھەر. كۇچانىڭ قەدىمكى شەھەر ئورنى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار بىرلىككە كەلگىنى يوق. بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر خەلق ئاغزىدا «ئەپراسىياپ شەھىرى» دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى شەھەرنى كۇچانىڭ بۇرۇنقى پايتەختى دەپ قارايدۇ. بۇ شەھەر ھازىرقى مازا پۇتام. ئايىرودوروم، قارا ئۇژمە، پىلاڭ، ساقساق، نوقايدۆك، بىلمىنېرىق، بىجاق قاتارلىق جايلىرى ئارقىلىق مازا پۇتامغا تۇتىشىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى شېخىل ئارىلاش تاش بىلەن سوقۇلغان بولۇپ، شەھەر خارابىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بىر قىسىم سېپىل خارابىلىرى ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. راشىدىن خان خوجا دەۋرىدە ھازىرقى سۇقۇۋۇقنىڭ غەربىي، خانىقانىڭ ئالدى، يار كوچا، گۇلباغ، قۇتلۇق ئوردا قاتارلىق جايلار شەھەر بولغان. بۇ شەھەرنىڭ باي قۇۋۇق، قولتۇق قۇۋۇق، ئاشلىق بازىرى، قۇۋۇق، شوقۇۋۇق قاتارلىق قۇۋۇق دەرۋازىلىرى بولغان. خەلق بۇ شەھەرنى «خان خوجانىڭ شەھىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، شەھەر دائىرىسى ھازىرقى يېڭى مەھەللە، ساقساق، رەستە، سۇيەنجىڭ قاتارلىق جايلىرىغىچە كېڭىيىپ، ھازىرقى كونا شەھەر بارلىققا كەلگەن.

ھازىرقى ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە باشقا ئورۇنلار جايلاشقان يېڭىشەھەر 1958-يىل 8-ئايدا كۇچادا زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، كونا شەھەر ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى «ئاپىراسىياپ شەھىرى» دەپ ئاتالغان قەدىمىي شەھەر دائىرىسى ئىچىدە. كۇچا ناھىيە تەۋەسىدە يەنە «ئاقشەھەر»، «چوڭ شەھەر»، «يانتاق شەھەر» قاتارلىق قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى بار. بىر قىسىم كىشىلەر مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «كۇچا شەھىرىنىڭ ئورنى يۆتكىلىپ تۇرغان، ‹كۇچا› دېگەن سۆز ‹كۆچەر› دېگەن-نىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى» دەپ قارايدۇ.

6) كۇھى ھىسار — تاغ باغرىدىكى قەلئە. بۇ خىل كۆز قاراش 2-خىل كۆز قاراش بىلەن ئوخشاش، لېكىن سۆز مەنبەسى ئوخشاش ئەمەس.

7) كۇچار — كوچا (يول). بۇ كۆز قاراش «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئۇمۇمىي تەزكىرىسى» دىن كەلگەن.

بەزىلەر «كۇچا» نى «كوچا» (يول مەنىسىدە) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى دەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، «شەھەر» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق ئىزاھلاش كىشىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۇ» (u) نىڭ «ئو» (O) غا ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇ» بىلەن «ئو» ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىم فونېما سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن. ئەگەر «ئۇ» بىلەن «ئو» نى ئۆزگىرىشىدۇ دېيىلسە، ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. كۇچانىڭ ھازىرقى شەھەر كوچىلىرىنىڭ نامىدىمۇ يار كوچا، سايباغ كوچا، سۆگەت كوچا، پاتقاق كوچا، ساقساق كوچا، كۇچار ئېرىق كوچا (خەلق ئېغىز تىلىدا كۇچىرىق كۆچىسى دېيىلىدۇ) قاتارلىق يول - كوچا ناملىرى بار. بۇنىڭدىنمۇ «كۇچا» نى «كوچار» دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يولداش خودا بەردى سېلىم «توخارلار، ياۋچىلار ۋە كۇسەن ئىمپېرىيىسى» ناملىق ماقالىسىدە «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋچىلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخقە كىرىپ بارغانلىرىدا بۇيەردە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئىدى. ياۋچىلار دەسلەپتە تۇخارىستاننى بەش رايونغا بۆلۈپ ئىدارە قىلدى. ھەر بىر رايونغا بىر يابغۇ تەيىنلىدى. بۇ يابغۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى كۇسەن (KuShan) بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئۇرۇق - قەبىلە نامى ئىدى. بەش يابغۇ ئىچىدە مۇشۇ كۇسەن يابغۇسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، قۇدرەت تېپىپ باشقا يابغۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى ۋە كۇسەن خانلىقىنى تەسىس قىلدى. جۇڭگونىڭ تارىخىي مەنبەلىرىگە كۆرە، كۇسەننىڭ بىرىنچى ھۆكۈمران چيۇجۇچيۇ بولۇپ، ئۇنىڭ زامانىدىن قالغان يارماقتىكى نامى - ئۇنۋانى «دىنغا ئىخلاسى مۇستەھكەم كۇسەن يابغۇسى كۇجولا كاساسا ياكى (كاپساسا) دۇر. ئۇنىڭ نامى - ئۇنۋانىدىكى سۈپەت ئىسىم dha masathidasa كۇسەن خانلىقىنى قۇرغۇچىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ①. بىز بۇنىڭدىن بىر جايىنىڭ «كۇسەن» ۋە «كۇچا» دېگەن ئىككى خىل نام بىلەن ئاتالغانلىقىنىڭ ھەرگىز تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەسلىكىنى، بەلكى بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنى بىرىنىڭ قەبىلە نامى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرىنىڭ ھۆكۈمرانىنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھەر ئىككىسىنىڭ «كۇ» دېگەن باش بوغۇمىنى سۆز يىلتىزى قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. «چار» سۆزىگە كەلسەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەتقىقات نەتىجىسى قەدىمكى خوتەن

تىلىدا «چار» سۆزىنىڭ رايون، دۆلەت، زېمىن، شەھەر دېگەن مەنىلىرى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى③.

قەدىمكى زاماندا كۇچا بىلەن خوتەننىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان. بىر مەزگىل ھەر ئىككى جايدا تۇخار تىلى (توخرى تىلى) قوللىنىلغان، كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىمۇ بۇ ئىككى جايدىن توخار تىلىنىڭ ئىككى خىل دىئالېكتى تېپىلدى. كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز تىلىمىزمۇ «چار باغ» دېگەن سۆز بار. ئۇ ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا «چار باغ» دېگەن سۆزنىڭ «پادىشاھلىق باغ»، «خانلىق باغ»، «دۆلەت باغ» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. قىسقىسى، مەن «كۇچار» دېگەن سۆز «كۇسەن دۆلىتى» ياكى «كۇجۇلار دۆلىتى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، «كۇچار» دىكى «ر»نى قالدۇرۇۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس، يەنىلا «كۇچار» دەپ ئاتاش كېرەك، دەپ قارايمەن. ماقالەمدىكى نامۇۋاپىق جايلارغا يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈتۈنىمەن.

ئىزاھلار:

① زىنىڭ شاۋتىڭ: «كۇچا پەن تېخنىكىسى» خەنزۇچە 1981-يىل 2-سان« كونا سۇغۇرۇش رايونىنىڭ سۇ تۇپرىقىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئىزدىنىش».

② ئەھمەد زەكى ۋەلىد توغاننىڭ «قەدىمكى كۇچارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى» ناملىق ماقالىسىنى ئى. چوپان چاغاتاي تىلى ۋە يېزىقىدا نەشىرگە تەييارلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1948-يىل 24، 25، 26، نويابىردىكى سانلىرىدا ئېلان قىلدۇرغان. «شىنجاڭ خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات خەۋەرلىرى» نىڭ 1985-يىل 1-سانىغا قاراڭ.

③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986-يىل 2-سان (ئايلىق ژۇرنال).

④ گېڭ شىمىن: «تارىم ئويمانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ۋە ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە».